## 218579 ـ ئايالنىڭ قېشى قويۇق بولسا، ئۇنى شالاڭلاشتۇرسا بولامدۇ؟

### سۇئال

ئايالنىڭ قېشىنىڭ شەكلى ئەرنىڭ قېشىنىڭ شەكلىگە ئوخشاش قويۇق بولسا، ئايال قېشىنى ئالدۇرىۋەتسە ياكى قىسقارتىۋەتسە توغرا بولامدۇ؟، بەك قاشلىق بولۇپ تەكشى بولمىسا قانداق قىلىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولدا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ــ سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: قېشىنى ئالدۇرۋېتىش ۋە قىسقارتىش مەسىلىسىنى قېشىنى يۇلۇش مەسىلىگە قېتىشتا ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ بولدى، كۆپچىلىك ئالىملار، قېشىنى ئالدۇرۋېتىش ۋە قىسقارتىش دېگەن قېشىنى يۇلغانغا ئوخشاش بولىدۇ، ئىنساننىڭ قېشىنىڭ تۈكىنى يۇلىشى چەكلەنگەندەك، ئىككى قېشىنى ئالدۇۋېتىشى ۋە قىسقارتىشىمۇ چەكلىنىدۇ دەيدۇ.

ئىككىنچى قاراشتىكى ئالىملار: ئەرەپچىكىدىكى(نەمسى) دېگەن سۆز قېشىنىڭ تۈكىنى يۇلۇشقا خاس بولىدۇ، ئىككى قېشىنىڭ تۈكىنى ئالدۇرىۋەتسە ۋە قىسقارتسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ ھەنبەلى مەزھەپ ئالىملىرىنىڭ قارىشىدۇر.

"پىقھى توپلاملىرى"14-توم 82-بەتتە مۇنداق كەلگەن:" پىقھى ئالىملار پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللاھ تائالا قاش تەرگۈچى ۋە تەردۈرگۈچىلەرگە لەنەت قىلدى» دېگەن ھەدىسىگە ئاساسەن، ئايالنىڭ ئىككى قېشىنىڭ تۈكىنى يۇلىۋېتىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى، يۈزنىڭ تۈكىنى يۇلۇشتىن چەكلەنگەن ھۆكۈم بىلەن بىر ئىكەنلىكىگە ئىتتىپاق كەلگەن.

قېشىنىڭ تۈكىنى ئالدۇرۋېتىش ۋە شالاڭلاشتۇرۇش مەسىلىسىدە ئىختىلاپ بولۇپ، مالىكى ۋە شاپىئى مەزھەپ ئالىملىرى شالاڭلاشتۇرۇشىمۇ يۇلغانغا ئوخشاش دەپ قارىغان. ھەنبەلى مەزھەپ ئالىملىرى، يۇلۇشتىن چەكلىگەن، ئالدۇرىۋەتسە ۋە شالاڭلاشتۇرسا بولىدۇ دەپ قارىغان.

بۇ ھەقتە كۆپىراق مەلۇمات ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 22393 ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ئىككىنچى: ئەگەر قېشىنىڭ تۈكى كۆزىگە كىرىۋالىدىغان ياكى ئادەتتىن تاشقىرى بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ئارتۇقلىرىنى ئېلىۋەتسە بۇ قاشنى يۇلغاننىڭ دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، چۈنكى قاش دېگەن دەرھاللا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئايالغا نىسبەتەن قېيىن بولىدۇ، مۇشۇنداق ھالەتتە ئايال قېشىنى ئادەتتىكى ئاياللارنىڭ قېشىدەك قويۇپ

ئارتۇق تۆكنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ، چۈنكى مۇنداق ھالەتتە ئارتۇق تۆكنى ئېلىۋېتىش دىگەن زىياننى يوق قىلىش ۋە ئەزىيەتتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قىشىنى تەبىئي شەكلىگە قايتۇرۇشتۇر.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "قېشىنى شالاڭلاشتۇرۇش تۆكىنى يۇلۇش ئارقىلىق بولسا، بۇ چەكلەنگەن چوڭ گۇناھلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى پەيغەمبەرئەلەيھسسالام قېشىنىڭ تۆكىنى يۇلغان ۋە يۇلدۇرغانلارغا لەنەت قىلغان.

ئەمما قىسقارتىش ۋە ئالدۈرىۋېتىش بىلەن بولسا، بۇنداق قىلىشنى بەزى ئالىملار ياقتۇرمىغان، بەزىلىرى چەكلەپ، بۇمۇ يۇلۇشنىڭ جۈملىسىدىن، چۈنكى نەمسى دىگەن سۆز پەقەت يۇلۇشقىلا خاس ئەمەس بەلكى ئاللاھ رۇخسەت قىلمىغان يۈزنىڭ تۆكىنى ۋە تۆكلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ھەممىسىگە ئومۇمدۇر. لېكىن بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بىز قېشىنىڭ تۆكىنى ئالدۈرىۋېتىش ۋە قىسقارتىشنى توغرا دەيلى ياكى مەكروھ دەيلى، ئاياللاردىن قېشىنىڭ تۆكى بەك قويۇق بولۇپ كۆزىگە چۈشۈپ قىلىپ، نەرسىلەرنى كۆرۈشكە تەسىرى بولسا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئارتۇقىنى ئېلىۋەتسە بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئۇنى ئالماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى"11-توم 133-بەت].

يەنە مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر ئىككى قېشى ئادەتتىن تاشقىرى بەك قويۇق بولسا ئۇنى شالاڭلاشتۇرسا بولىدۇ، ئەمما ئادەتتىكىدەك قويۇق بولسا ئۇنى ئۆز ھالىغا قويغان ياخشىدۇر، شالاڭلاشتۇرغاندا يۇلماستىن قايچا، ئۈستۇرە، تىغقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىشلىتىش كېرەك. " نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.